# سىزنىڭ تاللىشىڭىز باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ

ئەلىۋكىسەل

2016-يىلى 6-ئاينىڭ 9-كۈنى


باللاردا ياخشى قىممەت قارىشى ۋە ئېسىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈشتىكى ئاساسىي مەسئۇلىيەت ئاتا-ئانىلارغا يۈكلەنگەن بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئوقۇتقۇچىلار ۋە تىرېنېرلار ئوينايدىغان رول ناھايىتى مۇھىم ئەمەس، دېگەنلىك ئەمەس.

كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى ناھايىتى كۆپ باللار ئەخلاقتا كەمبەغەل ئائىلىلەردە ئۆسۈپ يېتىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق ۋە زوراۋانلىقنى ئادەتلەنگەن ھالدا چوڭ بولىدۇ. ئەگەر بىز ئۇلارغا ئەخلاق ھەققىدە تەربىيە بەرمەيدىكەنمىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپلىرى جىنايەتچىگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

جېسسى (Jesse) يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش مەسىلىسى بىلەن بىر ئالاھىدە مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇ مەكتەپ ئېسىل ئەخلاق يېتىلدۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى مەكتەپ دەرسلىكلىرىدە يولغا قويۇپ بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەن بىر ۋاقىتتا، جېسسى تازىلىق ئىشچىسىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى تېپىۋالىدۇ. ئۇ بۇرۇن ئوغرىلىقنى كۆپ قىلغان بالا بولغاچقا، بۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە نەرسە ئوغرىلاشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتى ئىدى. ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلماي، ئاچقۇچلارنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ناھايىتى ھەيران قالىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭدىن نېمىشقا ئاچقۇچنى تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكىنى سورىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ راستچىل بولۇش يولىغا كىرگەنلىكى ھەققىدە ھېچ نېمە دېمەي، پەقەت «مەن ھېلىقى تازىلىق ئىشچىسىنىڭ ئۆز خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى خالىمىدىم»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئەگەر جېسسى ئاچقۇچلارنى بىر قانچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا تېپىۋالغان بولسا، ئۇلارنى مەكتەپكە تاپشۇرۇپ بەرمەسلىك ئېھتىمالى بار ئىدى. ئۇنىڭدا مۇشۇنداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان نەرسە، ئۇنىڭ ھازىر بىر خىل ئاددىي ۋە يېڭىچە تەپەككۇر قىلىش قورالى بىلەن قوراللانغانلىقى بولۇپ، ئۇ ھازىر مۇنداق بىر ئىشنى تونۇپ يەتكەن: مەن قوبۇل قىلغان تاللاشلار باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەكتەپ جېسسىغا «مەنپەئەتداشلار» نى ئايرىپ چىقىشنى، يەنى ئۆزىنىڭ بىر تاللىشى تەسىر كۆرسىتىدىغان بارلىق كىشىلەرنى بىلىۋېلىشنى، ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۇلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقى ھەققىدە ئويلاشنى ئۆگەتكەن.

گەرچە جېسسىنىڭ بىر قىسىم كەمچىلىكلىرى بار بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنە خېلى ئېسىل تۇغما خۇسۇسىيەتلەر بار بولۇپ، ئۇ ھېلىقى تازىلىق ئىشچىسىغا زەخىم يەتكۈزۈشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆگەتمىگەن، ئەمما ئۇنىڭغا ئۆزىدىكى باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىنسان تەبىئىتىنى كۆرستىشكە تۈرتكە بولىدىغان تەرىقىدە ئويلاشنى ئۆگەتكەن.




**1-رەسىم: «ئىشلارنى مۇھىملىق دەرىجىسىگە ئايرىپ قىلىش سىزنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشلارنى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەمما سىز ئۆزىڭىز كۆيىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشلارنىمۇ قىلىشىڭىز كېرەك. چۈنكى، ئۇلار سىز ئۈچۈن مۇھىم. سىز كۆيىدىغان كىشىلەرنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇڭ.» Michael Josephson.**

## پايدىلىنىش مەنبەسى:

[1] Michael Josephson: «I Didn’t Want the Janitor to Lose His Job»
http://whatwillmatter.com/2013/05/commentary-827-3-i-didnt-want-the-janitor-to-lose-his-job/

**بۇ ماقالىنى «پىداكار» قېرىندىشىمىز تەھرىرلىدى.**